# 21091 - مۇساپىر كىشى سەپەر قىلغان ئورۇندا تۆت كۈندىن ئارتۇق تۇرۇشنى مەقسەت قىلسا نامازنى تولۇق ئادا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

## سوئال

مەن ئەسلى ئالجىرىيەلىك بولۇپ ئۈچ يىلدىن بىرى ئەنگلىيىدە تۇرۇۋاتىمەن، مەن شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھمەھۇللاھنىڭ «نامازنى قەسىر قىلىشنىڭ ۋاقتتىن بىر بەلگىلىمىسى يوق» دېگەن پەتىۋاسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نامازنى قەسىر ئوقۇۋاتىمەن، مەن ئۆزۈمنى قاچان يۇرتۇمنىڭ ئەھۋالى تىنچ-خاتىرجەم بولسا شۇ ۋاقىتتا قايتىپ كېتىمەن دەپ شۇنى كۈتۈۋاتىمەن، سىلەردىن مېنىڭ مۇشۇ ئەھۋالىمغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوچۇق بىر پەتىۋا بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟. ئاللاھ تائالا سىلەرگە ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلسۇن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھمەھۇللاھنىڭ: «مۇساپىردا سەپەر دېگەن سۈپەت داۋاملاشقان مۇددەتتە ئۇنىڭ رامىزاندا روزا تۇتماسلىقى، نامازنى قەسىر قىلىپ ۋە جۇغلاپ ئوقۇشى توغرا بولىدۇ» دېگەن پەتىۋاسى بولسا بۇ توغرىدىكى دەلىللەرنىڭ مۇتلەق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھمۇ شۇنداق دېگەن. لېكىن كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىغا كۆرە، ئەگەر مۇساپىر بىر ئورۇندا تۆت كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك تۇرۇشنى مەقسەت قىلمىغاندا سەپەرنىڭ رۇخسەتلىرىدىن پايدىلانسا بولىدۇ. شەيخ ئابدۇلئەزىز بىن باز رەھمەھۇللاھمۇ مۇشۇنداق پەتىۋا بەرگەن.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.